# ئىلمىي ماقالىنى شىنجاڭنىڭ بىپايان تۇپرىقىغا يېزىش

## ــــ جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پەن ـ تېخنىكا ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى يې شياڭفا توغرىسىدا

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان شەخسلەرنىڭ خىسلىتى

□ مۇخبىرىمىز جاڭ جىلى

8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پەن ـ تېخنىكا ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى يې شياڭفا ئونسۇ ناهيەسىنىڭ قىزىل بازىرى ئارامەھەللە كەنتىگە كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، كەنتتىكى قارا مور ئۆستۈرگەن 40 نامرات ئائىلىنىڭ ئائىلە بېشىغا 50 كىلوگىرامدىن قۇرۇق مور يىغقانلىقىنى ئىگىلىدى. ئاقسۇ ۋىلايىتىدە هازىر بار بولغان 100دىن ئارتۇق نامرات كەنتتىكى 5000 نامرات ئائىلىنىڭ ھەممىسىنىڭ قارا مور يىغىۋېلىش خۇشاللىقىدىن بەھرىلىنىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، ئۇ ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى: «كۆزدە يەنە بىر تۈركۈم زەمبۇرۇغ تاياقچىسى ئىشلەپچىقىرىپ 5000 نامرات ئائىلىنى يۆلەپ، 10 مىڭ نامرات ئائىلىنى قارا مور ئۆستۈرۈش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرىمىز».

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە كەلگەن كۈندىن باشلاپ، يې شياڭفا ئىلمىي ماقالىنى شىنجاڭنىڭ بىپايان تۇپرىقىغا يېزىپ، تېخنىكىنى نامرات دېھقانلارنىڭ ئائىلىسىگە يەتكۈزۈپ، نىشانلىق ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان جايدىكى ئاممىنى پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىتىش ۋەدىسىنى بەرگەنىدى.

### ■ ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ تەلىمىنى بۇزۇپ تاشلاش

يې شياڭفانىڭ ئۈچكىزەك بالىسى بار، ئۇ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىگە قاتنىشىشقا تىزىملاتقاندا، ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنى چۈشەنمىدى. ئۇ ئامال قىلىپ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئىدىيەۋى خىزمەت ئىشلىدى، ئۇ ئۆز ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق، نىشانلىق ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان جاينىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىگە كۈچ قوشالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

2017 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، ئەمدىلا شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىگە كىرىشكىنىگە ئىككى ئاي بولغان يې شياڭفا ئاقسۇ ۋىلايىتىدە قارا مور يېتىشتۈرۈشنى قارار قىلدى. دادىسى بۇ ئىشنى بىلگەندىن كېيىن قولىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «قارا مور يېتىشتۈرۈشتە چىنلىك تېغىدىن ھالقىپ كېتىشكە بولمايدۇ».

دادىسىنىڭ گېپى داۋۇلسىز ئەمەس ئىدى. يې شياڭفانىڭ يۇرتىدا يېمەكلىك زەمبۇرۇغى يېتىشتۈرۈش تارىخى ئۇزاق بولۇپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد كىشىلەر چىنلىك تېغىنىڭ شىمالىدا قارا مور ئۆستۈرمەيدۇ، دەيدىغان بىر قانۇنىيەتنى يەكۈنلەپ چىققانىدى.

غەربتىكى ياڭگوۋەندىن چىقىپ، ئون مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتە، ئىلگىرى جېجياڭ ئۆلكىلىك پەن ـ تېخنىكا نازارىتىدە ئون يىل يېزىلارنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان يې شياڭفا پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش تۈرلىرى بىلەن نىشانلىق ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان جايلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشقا ئىرادە باغلىدى. ئۇ ئونسۇ ناهيەسىدىكى بىر مېۋىلىك باغقا بېرىپ پەن ـ تېخنىكا خاس ۋەكىللىرى نەق مەيدان ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشقاندا، ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتكەن قىرقىپ تاشلىۋېتىلگەن دەرەخ شاخلىرىنى كۆرۈپ، كاللىسىدا دەرھال پەن ـ تېخنىكا ۋاسىتىسى ئارقىلىق ھەم بۇ دەرەخ شاخلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، ھەم دېھقانلارنى نەپكە ئېرىشتۈرۈش ئويى پەيدا بولدى.

يېمەكلىك زەمبۇرۇغى يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئىلگىرى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ تەرەققىي قىلمىغان تاغلىق رايونلىرىدىكى نامراتلارنى يۆلەش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرغانىدى. ھالبۇكى، يې شياڭفا بۇ ئەندىزىنى ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، يۇرتىدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوستلىرىنىڭ گۇمانىنى قوزغىدى: قارا مور نەملىكى 90% ـ 80%، تېمپېراتۇرىسى 25 ـ 15 سېلسىيە گرادۇس بولغان شارائىتتا ئاندىن ئۆسەلەيدۇ، ئاقسۇ ۋىلايىتىدە نەدىمۇ بۇنداق شارائىت بولسۇن؟

يې شياڭفا ئۆزىنىڭ ئويىدا چىڭ تۇردى. ئۇ يۇرتىغا ئەۋەتكەن مېۋىلىك دەرەخ شاخلىرىدا زەمبۇرۇغ يىپچىلىرى ئۆسىدىغانلىقى تەكشۈرۈپ چىقىلدى، ئۇ يەنە باشقىلارنىڭ بۇ يەردە قارا مور يېتىشتۈرۈشتە مەغلۇپ بولۇش سەۋەبلىرىنى يەكۈنلىدى، يې شياڭفا پەن ـ تېخنىكىنىڭ كۈچى ئارقىلىق قارا مورنى ئاقسۇدا سىناق قىلىپ چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغانلىقىغا ئىشەندى.

### ■ بىر قاتار قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرۈش

يې شياڭفا كىچىكىدە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قارا مور ئۆستۈرۈشىگە ياردەملەشكەندە، ياغاچتا مور يېتىشتۈرۈش ياكى ياغاچنى چېپىپ مور يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق قارا موردىن ئاسانلا ھوسۇل ئالالايتتى. لېكىن، ئاقسۇدا قارا مور يېتىشتۈرۈش تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ.

ئىچكىرىدىن ئەۋەتىلگەن نەچچە ئون زەمبۇرۇغ تاياقچىسى ياتاق بىناسى ئالدىدىكى ئورمان بەلبېغىغا قويۇلدى، 24 سائەت كۆزىتىشكە قولاي بولۇش ئۈچۈن، يې شياڭفا ئىشخانىسىغىمۇ زەمبۇرۇغ تاياقچىسىدىن بەشنى قويدى. زەمبۇرۇغ تاياقچىسى ئېھتىياجلىق بولغان تېمپېراتۇرا ۋە نەملىكنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، ئۇ يەتتە ـ سەككىز خىل لايىھەنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ تۇرۇبىنى تېشىپ تېمىتىپ سۇغىرىش، گۈل سۇغىرىش چەينىكى بىلەن پۈركۈپ سۇغىرىش، ئاسما ئوكۇل سېلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2017 ـ يىلى 5 ـ ئايدا تەجرىبە باشلانغاندىن تارتىپ، ئۇ ئۇدا ئۈچ ئاي تۈن بويى كىرپىك قاقماي چىقتى. بىر خىل لايىھە مەغلۇپ بولسا، يې شياڭفا دەرھال يەنە بىر خىل لايىھەگە ئۆزگەرتتى، ئاخىر نەملىكنىڭ ئاشۇرۇش ئۇسۇلىنى ئىشلەتكەندە ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

خۇددى بوۋاق بالىنى كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلغانغا ئوخشاش، زەمبۇرۇغ تاياقچىلىرى بىخ چىقىرىشقا باشلىدى ھەم تەدرىجىي ھالدا 1 ـ تۈركۈمدىكى يېڭى قارا مورغا ئايلاندى، ئۈچ ئاي داۋاملاشتۇرۇش ئاخىر مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى! يې شياڭفا تۈمەنلىگەن سانلىق مەلۇماتنى خاتىرىلەپ، قارا مورنى سۈنئىي ئۇسۇلدا يېتىشتۈرۈشنىڭ تېخنىكا لوشيەنى ۋە ئۇسۇلىنى دەسلەپكى قەدەمدە تاپتى.

جېجياڭغا قايتىپ خىزمەتلەرنى دوكلات قىلغاندا، خىزمەتداشلىرى ۋە تۇغقانلىرى نەچچە ئاي كۆرۈشمىگەن يې شياڭفانىڭ قارىداپ، ئورۇقلاپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى.

### ■ بىر ئارزۇنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇش

يې شياڭفا ئېنىق بىلىدۇكى، قارا مورنى تەجرىبە قىلىپ ئۆستۈرۈشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى پەقەت نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تاشلانغان بىرىنچى قەدەم. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ساقلاپ تۇرۇشقا بولمايدۇ، ئۈچ يىللىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ۋاقتى قىسقا، قارا مور ئۆستۈرۈشنى تېزدىن كېڭەيتىشتە، جەزمەن ۋاقىت بىلەن بەسلىشىش كېرەك.

سۈنئىي ئۇسۇلدا قارا مور يېتىشتۈرۈش ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە تەرىپىدىن نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇشقا كۈچ قوشۇشتىكى «10 مىڭ مو ئېتىز، 100 مىليون يۈەن» كىرىمنى ئاشۇرۇش قۇرۇلۇشى قىلىپ بېكىتىلدى ھەم جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ ئۆلكە، رايون ھالقىغان پەن ـ تېخنىكىدىكى مۇھىم، زور تەتقىق قىلىپ ئېچىش تۈرىگە يوللاندى.

1 ـ تۈركۈمدە قارا مورنى نۇقتىدا سىناق قىلىپ ئۆستۈرىدىغان ئائىلىلەر ئاقسۇ شەھىرى، ئونسۇ ناهيەسى، ئۈچتۇرپان ناهيەسىدىكى ئالتە نامرات ئائىلە ئىدى. ئۇلار ھەقسىز زەمبۇرۇغ تاياقچىسى ھەم ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنى ئالغاندىن كېيىن، بالا باققۇچى شەكلىدىكى تېخنىكىدا ئىز قوغلاپ مۇلازىمەت قىلىشتىن بەھرىلىنىپ، نەچچە ئايدىن كېيىن كىرىمى نەچچە مىڭ يۈەن ئاشتى.

تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا قىيىن مەسىلە يەنىلا مەۋجۇت، زەمبۇرۇغ تاياقچىسىنى سۈنئىي سەپلەش بازىسىنى قۇرۇشتىن تارتىپ زەمبۇرۇغ تاياقچىسى پىششىقلاش زاۋۇتى قۇرۇشقىچە، يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا باكتېرىيەسىزلەشتۈرۈش ساندۇقىنى ئۆزگەرتىپ ياساشتىن سۇ پۈركۈش ئۈسكۈنىسىنى ئۆزگەرتىپ ياساشقىچە، يې شياڭفا بالا باققۇچى شەكلىدىكى مۇلازىمەتنى داۋاملاشتۇردى. ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ھەرقايسى ناهيە، شەھەرلەردە قارا مور ئۆستۈرۈشكە قاتناشقان دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، يې شياڭفا يۇرتىدىن تەجرىبىسى مول تېخنىكلارنى تەكلىپ قىلىپ مۇلازىمەت ئەترىتى تەشكىللىدى، ئۇلار بىر تەرەپتىن ئىشىك ئالدىغىچە مۇلازىمەت قىلىپ، بىر تەرەپتىن يېزا ـ كەنت تېخنىكلىرىنى تەربىيەلىدى.

ھازىر، نۇرغۇن دېھقان ئائىلىسى قارا مور ئۆستۈرۈش، باشقۇرۇش تەجرىبىسىنى ئۆگىنىۋالدى، قارا مور ئۆستۈرۈش تۈرىگە قاتناشقان كادىرلار، ئامما بىر ئورتاق ئارزۇغا — كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چېن چۈەنگو خۇلاسە سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ قېتىمقى ئالماشتۇرۇش يىغىنىنى پۇرسەت بىلىپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىپ، ئۆزئارا ئىلھام بېرىپ، ئاتالغۇ ھالدا قانۇن ـ نىزامغا توغرىلىنىپ، ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يەنىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك؛ مەسىلە يۆنىلىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە مەسىلىلەرنى توغرا تېپىپ چىقىپ، ئېنىقلاپ تېپىپ چىقىپ، دەل جايىدا تېپىپ چىقىپ، تۈگۈننى ئېنىقلاپ تولۇق تەھلىل قىلىش كېرەك؛ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پوزىتسىيەسى بىلەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتىنى تۈزىتىپ، ياخشى تولۇقلاش كېرەك. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش، تۈزىتىشنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، بايقالغان مەسىلىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرماي، يوشۇرماي، باش تارتماي، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ بىر تەرەپتىن تۈزىتىپ، كادىرلار ۋە ئاممىغا تېزدىن ئۈنۈمنى كۆرسىتىش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرىدىغان كونكرېت تەدبىر، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان ئەمەلىي ھەرىكەت، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان جانلىق ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەك. ئىجتىمائىي مۇقىملىق خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، ئۈنىۋېرسال تەدبىر قوللىنىپ، ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، «بىرىكمە مۇشت»نى ياخشى ئېتىپ، ئىجتىمائىي چوڭ ۋەزىيەتنىڭ سىجىل ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ساقلاش كېرەك. يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىياتىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، پارتىيەنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنى «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش، «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش»نى كۈچەيتىشكە يېتەكلەپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەپ، ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇش كېرەك. دىنلار ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، پارتىيەنىڭ دىن خىزمىتى توغرىسىدىكى فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجى ۋە نورمال دىنىي پائالىيىتىگە قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلىپ، دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. تەشۋىقات، مەدەنىيەت، مائارىپ خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن كاللىنى قوراللاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەمگەككە ھۆرمەت قىلىش، بىلىمگە ھۆرمەت قىلىش، ئىختىساسلىقلارغا ھۆرمەت قىلىش، ئىجادىيەتكە ھۆرمەت قىلىشقا تەربىيەلەش، يېتەكلەش كېرەك. خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، ئاما ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ بىۋاسىتە، ئەڭ رېئال مەنپەئەت مەسىلىلىرىنى كۈچەپ ياخشى ھەل قىلىپ، ئەڭ زور دەرىجىدە كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەش، كۈچنى مۇجەسسەملەش كېرەك. بىڭتۇەننىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك بىر تاختا شاھمات» ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، بىڭتۇەننىڭ مۇقىملاشتۇرغۇچلۇق، چوڭ پېچەتلىك، ئۈلگە كۆرسىتىش رايونلۇق ئالاھىدە رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن شارائىت يارىتىش كېرەك. پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلەپنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، بايرىقى روشەن ھالدا پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ھەقىقىي تۈردە رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلام ئاساسىنى كۈچەپ پۇختىلاپ، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىپ، ئىستىل دۇرۇس، كەيپىيات توغرا سىياسىي ئېكولوگىيە يارىتىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

### ■ ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىنچىكە ئۆزلەشتۈرۈش

باش تېما تەربىيەسى داۋامىدا، ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار «شى جىنپىڭنىڭ ‹ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش› توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىدىن تاللانما»، پارتىيە نىزامنامىسى، «شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئۆگىنىش تېزىسى» قاتارلىقلارنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئۆگىنىشنىڭ چوڭقۇرلۇقى، سالمىقى ۋە قاراتمىلىقى، ئەمەلىي ئۈنۈمدارلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى بوشاشماي كۈرەش قىلىپ ئۆگىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاڭلىق ھالدا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن كاللىنى قوراللاندۇرۇش، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشقا يېتەكلىدى.

«بەنگۇڭتىڭنىڭ پارتىيەلىك كادىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشتە، مۇھىمى تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان سىياسىي خىسلەتنى تاۋلىشىم كېرەك...» 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭ ئۇنىۋېرسال 3 ـ باشقارمىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى لى جىلىن ياچېيكىدىكى پارتىيە ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 2 ـ تومىدىكى قىسمەن نۇقتىلىق مۇندەرىجىلەرنى بىرلىكتە ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش تەسىراتىنى سۆزلىدى.

باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭى ئۆگىنىش ـ تەربىيەنى باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، چوقۇم ئوقۇيدىغان مۇندەرىجىلەر، نۇقتىلىق مۇندەرىجىلەر، ھەر ئايلىق ئۆگىنىش تىزىملىكى ۋە شەخسلەرنىڭ ئۆگىنىش تىزىملىكىنى رەتكە تۇرغۇزدى، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار كۆڭۈل قويۇپ، ئەستايىدىل بولۇپ، ئەسلى ئەسەرنى ئوقۇپ، ئەسلى تېكىستنى ئۆگىنىپ، قانۇنىيەتنى چۈشىنىپ، ئۆگىنىش، تەتقىقات ـ مۇھاكىمە جەريانىدا ئىدىيەگە تېگىش قىلىپ، مەسىلىلەرنى تېپىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى خىزمەت ئەمەلىيىتىگە زىچ يېقىنلىشىپ، «ئەسلى مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش، پەرقلەرنى تېپىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش» باش تەلىپى بويىچە، مەخسۇس تېمىلىق ئۆگىنىش، «مەركەزلىك ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش + مەخسۇس تېمىدا يېتەكچىلىك قىلىش» قاتارلىق ئەندىزىلەر ئارقىلىق، چوڭقۇر ئۆگىنىپ پىكىر يۈرگۈزۈپ، پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ باش تېما تەربىيەسىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە بولغان تونۇشىنى، پارتىيەنىڭ ئەسلى مەقسىتى ۋە بۇرچىغا بولغان تونۇشىنى، پارتىيە دۇچ كېلىۋاتقان خەۋپ ـ خەتەر، سىناقلارغا بولغان تونۇشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۆز ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىگە بولغان چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا غايە ـ ئېتىقادىنى مۇستەھكەملەپ، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى ئاڭلىقلىقى ۋە تەشەببۇسكارلىقىنى كۈچەيتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا نازارىتىنىڭ دەم ئېلىشقا چىققان، پېنسىيەگە چىققان كادىرلار باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى چېن يۈڭ ھەر كۈنى «شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئۆگىنىش تېزىسى» قاتارلىقلارنى ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇردى، بۇ ئۇنىڭ بىر خىل ئادىتىگە ئايلاندى.

«شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ نەزەر دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى مول، ھەر قېتىم ئۆگەنگەندە يېڭى ئىلگىرىلەش، يېڭى تەسىراتلارغا ئىگە بولىمەن.» چېن يۈڭ مۇنداق دېدى: «پەقەت چوڭقۇر ئۆگەنگەندىلا، ئاندىن ئەمەلىي ئىشلىگىلى بولىدۇ. بىر پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ئارقىلىق ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ، پەن ـ تېخنىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە يېڭىلىق يارىتىشقا تۈرتكە بولۇپ، پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشنى كۈچلۈك پەن ـ تېخنىكا تىرەكى بىلەن تەمىنلىشىم كېرەك».

### ■ ئۆگىنىشنى قەلبلەرگە سىڭدۈرۈش ۋاقتىدا ئىزچىل ئەگىشىش

باش تېما تەربىيەسىدە، ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار بەلگىلەنگەن مۇندەرىجىلەرنى ياخشى ئۆگىنىش ئاساسىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى 15 ـ قېتىم كوللېكتىپ ئۆگىنىش قىلغاندا، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىدا، ئىچكى موڭغۇلدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا ھەم «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلغاندا قىلغان مۇھىم سۆزلىرىنىڭ روھىنى ۋاقتىدا ئىزچىل ئەگىشىپ ئۆگىنىپ، رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ بىر قەدەم بالدۇر ئۆگىنىشى، چوڭقۇرراق ئۆگىنىشىنى ئىشقا ئاشۇردى ھەم «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس» تۈزۈمى قاتارلىقلار ئارقىلىق تېزلىكتە بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنى تەشكىللەپ چوڭقۇر ئۆگىنىپ مۇھاكىمە قىلىپ، سۆزنىڭ روھىي ماھىيىتى، يادرولۇق مەزمۇنىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتتى.

8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى پارتگۇرۇپپىسى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ مەخسۇس تېمىلىق مۇھاكىمە يىغىنىنى ئاچتى، ھاكىم، باشقارما باشلىقى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 32 پارتىيەلىك كادىر ئالدىنقى مەزگىلدىكى ۋاقتىدا ئىزچىل ئەگىشىپ ئۆگىنىش ئاساسىدا، يەنە بىر قېتىم باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئەڭ يېڭى مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى كوللېكتىپ ئۆگىنىپ ھەم ئىش ئورنى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، قانۇن ـ نىزامغا توغرىلىنىپ، ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، پەرقلەرنى تېپىپ چىقىپ، پىكىر يولىنى رەتلەپ، قارشى تەدبىر قوللىنىپ، ئۆگىنىشنىڭ قەلبلەرگە سىڭىشىگە تۈرتكە بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن رەئىس چېن جۇڭكۆەن مۇنداق دېدى: «باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا سىڭىشتۈرۈپ، بىز ‹ئالتە يۆنىلىشلىك كۈچەش› تەدبىرىنى تۈزۈپ، سىياسىي قۇرۇلۇش، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىش، تەشكىلىي تۇرمۇش، ئىستىل يېتىلدۈرۈش، نازارەت قىلىش، ئىنتىزام ئىجراسى قاتارلىق جەھەتلەردە تەكشى كۈچەپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئورگىنىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى ئىشچىلار ھەرىكىتى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى يېتەكلەشتىكى كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرىمىز».

باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىچكى موڭغۇلدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا ھەم «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا «تۆت جايىدا بولۇش»نى تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. چوڭقۇر ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى 4 ـ نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ كادىرى چېلىك جىڭچيەن چوڭقۇر تەسىرلىنىپ مۇنداق دېدى: «يېڭى دەۋردىكى بىر ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەت، بۇرچنى زىممىگە ئېلىپ، ‹تۆت جايىدا بولۇش› تەلىپىنى ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نازارەت قىلىش، ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خەلق تۇرمۇشى ساھەسىدىكى ئاممىنىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىمەن».

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى ئۆگىنىش ـ تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش، تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ھەقىقىي تۈردە ئۆگىنىشنىڭ ئۈنۈمىنى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش قاتارلىق نۇقتىلىق خىزمەتلەردە ئەمەلىيلەشتۈردى.

### ■ ئۆگىنىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش

نەزەرىيە ئۆگىنىشتە نەتىجىگە ئېرىشىش، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي جەھەتتە تاۋلىنىش، ئىش قىلىش ـ نەتىجە يارىتىشتا مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىش، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، پاك ـ دۇرۇس بولۇپ ئۈلگە بولۇشتەك كونكرېت نىشاننى كۆزلەپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار ئۆگىنىش، پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە قوللىنىشنى تۇتاشتۇرۇش، بىلىش، ئىشىنىش ۋە ئىشلىتىشنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆگىنىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى قىيىن ئۆتكەللەرگە ھۇجۇم قىلىش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمىگە ئايلاندۇرماقتا.

«مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنى بەك بالدۇر قويۇپ بېرىدۇ، ئاتا ـ ئانىلار تېخى ئىشتىن چۈشمىسە، بالىلار مەكتەپتىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن نەگە بارىدۇ؟»

يەنە بىر ئايدىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھەر ئاھالىسى لى جۈننىڭ قىزى 1 ـ يىللىقتا ئوقۇيدۇ، ئۇ بالىسىنى مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەندە قارايدىغان ئادەم بولماسلىق مەسىلىسىگە باش قاتۇرۇۋاتقاندا، خۇش خەۋەر كەلدى: 9 ـ ئايدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايون ئۈرۈمچى شەھىرى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، قومۇل شەھىرى قاتارلىق ئالتە ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)دىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە، ئوقۇغۇچىلارنى دەرستىن كېيىنكى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش مۇلازىمىتى خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا تۈرتكە بولىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئىزچىل ئەنسىرەپ تۇرغان كۆڭلىنى تىنجىتتى.

باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئامما ئىنكاس قىلغان قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ، بىر تەرەپتىن تۈزىتىپ، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ چۈشتىن كېيىن مەكتەپتىن قويۇپ بېرىش ۋاقتى بىلەن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتى توغرا كەلمەسلىك مەسىلىسىگە قارىتا، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى، تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى قاتارلىق تارماقلار «ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنى دەرستىن كېيىنكى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش مۇلازىمىتى خىزمىتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىپ قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىرى»نى بىرلىكتە بېسىپ تارقىتىپ، 2020 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە پۈتۈن شىنجاڭ ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىگە قاراشلىق ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە دەرستىن كېيىنكى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش مۇلازىمىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ مەسىلىنى پائال ھەل قىلىش ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

«بانكىمىزدا كەسىپ بېجىرىشتە يولۇققان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلغىلى بولامدۇ؟» «بانكىمىز ئوتتۇرىغا قويغان پۇل مۇئامىلە مەھسۇلاتلىرىغا قارىتا يەنە قانداق تەكلىپىڭىز بار؟»... يېقىندا، شىنجاڭ بانكا پاي چەكلىك شىركىتى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، باش مۇدىر ما جاۋ باش بانكا تىجارەت بۆلۈمىگە كېلىپ، خېرىدارلاردىن كەسىپ بېجىرىش جەريانىدا يولۇققان مەسىلىلەر ۋە مۇلازىمەتنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى ئەستايىدىل سوراپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا مەسىلىلەرنى بايقىدى، مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى.

باش تېما تەربىيەسىدە، شىنجاڭ بانكىسى بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپتىن تۈزىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسى بىلەن بانكىنىڭ تۈرلۈك كەسىپلىرىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىپ، ماسلاشتۇرۇپ ئەمەلىيلەشتۈردى. ما جاۋ مۇنداق بىلدۈردى: باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، پارتىيە ئەزالىرى ئىدىيەۋى تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، مەۋقەنى ئىش ئورنى ئەمەلىيىتىگە قويۇپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتى، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئالدىنقى قاتاردىكى تەلەپكە توغرىلىنىپ، ئىلغارلار ـ نەمۇنىچىلاردىن بولۇشقا تىرىشىپ، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشتەك ياخشى كەيپىياتنى شەكىللەندۈردى، كېيىنكى قەدەمدە باش تېما تەربىيەسىنى سىجىل چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى ھەقىقىي تۈردە كارخانىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ئەۋزەللىكىگە ئايلاندۇرىمىز.